# يەلكەننى ئېگىز چىقىرىپ، چەكسىز دېڭىزدا باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەش

(بېشى 1 - بەتتە)

‹دوستلار چەمبىرىكى› بارغانسېرى زورىيىدۇ» دەيدىغان بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ جۇشنەلەيدۇ.

دۆلەت باشلىقى دىپلوماتىيەسىنى يېتەكچى قىلىش ئارقىلىق، چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسى، ئەتراپ دىپلوماتىيەسى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر دىپلوماتىيەسى، كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە ھەر تەرەپلىمە پىلانلىنىپ، دىپلوماتىيە ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، بۇ قىسقىغىنا يېرىم يىل جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىنىڭ جانلىق ئىخچام كارتىنىسى بولدى.

بۇ، چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەزمۇت قەدەم ——

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، كرېمىل سارىيىنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى گېئورگى زالىدا چىراغلار چاقناپ تۇراتتى. رەئىس شى جىنپىڭ ۋە رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن نەچچە ئون مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىزىل پاياندازنىڭ ئىككى بېشىدىن بىر - بىرىگە قاراپ كەلدى.

يەنە بىر قېتىم چىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، يەنە بىر قېتىم قىزغىن سالاملاشتى. بۇ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2013 - يىلى دۆلەت رەئىسى بولغاندىن بۇيان 8 - قېتىم رۇسىيەنى زىيارەت قىلىشى، 31 - قېتىم زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن ئۇچرىشىشى، بۇنداق كۆپ قېتىملىق دۆلەت باشلىقى دىپلوماتىيەسى ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتتە ھەقىقەتەن كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

ئىككىلەن ئۆز ئانا مەكتىپىنىڭ تەرەپلەرگە پەخرىي دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىشىگە گۇۋاھ بولدى، تەرەپلەر دۆلىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قاتار چوڭ ئىش، خۇشاللىق ئىشلارغا قاتناشتى... ئالتە يىل ئىچىدە، ئىككى رەھبەرنىڭ بىر خىل ئۇسلۇب بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان مول ھەمتۈرتكە بولۇشى جۇڭگو - رۇسىيە دوستلۇقىدىكى نۇرغۇن داستانلارنى بارلىققا كەلتۈردى، يەنە كېلىپ ئۇلار ئارىسىدىكى دوستلۇقمۇ سۆزسىزكى جۇڭگو - رۇسىيە ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم كاپالىتىگە ئايلاندى.

بۇ قېتىمقى زىيارەت مەزگىلىدە، ئىككى رەھبەر ئورتاق ھالدا جۇڭگو - رۇسىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق - ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ھازىرقى زامان يەر شارىۋى ئىستراتېگىيەلىك مۇقىملىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قوشما باياناتنى ئىمزالاپ، جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە، تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئىگە يېڭى دەۋرنى ئاچتى.

«چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان.» رەئىس شى جىنپىڭ دۇنيانى ئېنىق كۆزىتىپ، بۇ قېتىمقى سەپىرى ئارقىلىق ئېنىق سىگنال تارقاتتى: جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ ئۆز - ئارا ئىشىنىش، ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئورتاق تونۇشى ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ، جۇڭگو تەشەببۇس قىلغان ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئېتىقادى قەتئىي يىمىرىلمەيدۇ!

بۇ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى پۇختا قەدەم ——

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە، رەئىس شى جىنپىڭ چاۋشيەندە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى. جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا 70 يىل بولغان مۇھىم پەيتتە، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، جۇڭگو - چاۋشيەن دوستلۇقىنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق ئاچتى.

ئەتراپتىكى رايونلار جۇڭگونىڭ خاتىرجەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ، تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى. ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە مۇناسىۋەتنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇش جۇڭگونىڭ ئەتراپ دىپلوماتىيەسىدىكى ئىزچىل فاڭجېنى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىدە، رەئىس شى جىنپىڭ قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ژىنبېكوۋ، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستان، جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قوشما باياناتنى ئىمزالىدى، ئىككى زۇڭتۇڭ يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا رەئىس شى جىنپىڭغا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالىي ئوردېنىنى بەردى؛

6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا دابەنگە قىلغان سەپىرىدە، ياپونىيە باش ۋەزىرى ئەنبېي جىنسەن بىلەن ئۇچراشتى، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا ئون نۇقتىلىق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى؛

يېرىم يىل ئىچىدە، رەئىس شى جىنپىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا ئەتراپتىكى 30 نەچچە دۆلەتنىڭ رەھبىرى بىلەن كۆرۈشتى، سۆھبەتلەشتى، يېقىن ئۆتۈش، سەممىي بولۇش، نەپ يەتكۈزۈش، كەڭ قورساق بولۇشتەك ئەتراپ دىپلوماتىيەسى ئىدىيەسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى...

كۆزەتكۈچىلەر مۇنداق كۆرسەتتى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئەتراپ دىپلوماتىيەسى ھەرىكىتىنىڭ رىتىمى ئېنىق، تېز بولدى، ئىككى تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىككە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، بىر يۈرۈش قالتىس بىرىكمە مۇشت ئاتتى.

بۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولىدىغان پۇختا قەدەم ——

«جۇڭگوغا كەلسەم ئىككىنچى يۇرتۇمغا كەلگەندەك بولىمەن.» 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنىڭ ئالدىنقى كۈنى، ئېفىيوپىيە زۇڭلىسى ئابى رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا قىلغان بۇ سۆز چوڭقۇر ھېسسىياتقا تولغان.

كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، مەڭگۈ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك دوستى ۋە سەممىي ھەمراھى بولىمىز، جۇڭگو بۇ سۆزنى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، جۇڭگو - ئافرىقا تەتقىقات يۇرتى قۇرۇلدى، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ماسلاشتۇرغۇچىلار يىغىنى، تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو —— ئافرىقا ئىقتىساد - سودا كۆرگەزمىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆتكۈزۈلدى، رەئىس شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم خەت ئەۋەتىپ تەبرىكلەپ، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، تېخىمۇ پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى دابەن باشلىقلار يىغىنى مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو - ئافرىقا رەھبەرلىرى ئۇچرىشىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئافرىقا تەرەپ ئورتاق رەئىس دۆلىتى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ رەھبىرى، ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى مىسىرنىڭ رەھبىرى، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ ھازىرقى ئافرىقا تەرەپ ئورتاق رەئىس دۆلىتى سېنېگالنىڭ رەھبىرى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئافرىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى قوللاش، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەردە پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

## ■ شىددەتلىك دولقۇندا مەزمۇت تۇرۇش

### دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىندى

«نۆۋەتتە دۇنيادا كۆرۈلگەن بەزى يەر شارىۋىلىشىشقا قارشى يۈزلىنىش پەقەت يەر شارىۋىلىشىش ئېقىمىدا پەيدا بولغان بىرنەچچە بۇژغۇن بولۇپ، يەر شارىۋىلىشىش چوڭ دولقۇنىنى توسۇيالمايدۇ».

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، سانكت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرى ئومۇمىي يىغىنىدا، رەئىس شى جىنپىڭ ئۆز - ئارا ھەمتۈرتكە بولۇپ پىكىر ئالماشتۇرۇش ھالقىسىدا يەر شارىۋىلىشىشقا قارشى يۈزلىنىش قاتارلىقلار توغرىسىدا رىياسەتچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە شۇنداق كۆرسەتتى.

ئەڭ ئېگىز نۇقتىدا تۇرغاندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقمىسىمۇ بولىدۇ.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپ بىلەن دابەندە ئۇچراشتى، ئىككى تەرەپ ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش، مۇقىملىقنى ئاساسىي رىتىم قىلغان جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشقا قوشۇلدى، باراۋەر بولۇش ۋە ئۆز - ئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىقتىساد - سودا سۆھبىتىنى قايتا باشلايدىغانلىقنى جاكارلىدى. بۇ مۇھىم ئورتاق تونۇشلار خەلقئارا جەمئىيەت ۋە پۈتۈن يەر شارى بازىرىغا ئاكتىپ ۋە ئىجابىي سىگنال تارقاتتى.

ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەمتۈرتكەلىك تەرەققىيات، ئورتاق تەرەققىياتنىڭ «تورت»نى زورايتىشقا تۈرتكە بولۇش ——

«بازارنى يەنىمۇ ئېچىۋېتىش» «ئىمپورتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭەيتىش» «تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاش» «باراۋەر مۇئامىلىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش» «ئىقتىساد - سودا سۆھبىتىگە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش»...

20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ دابەن باشلىقلار يىغىنىدا، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشكە دائىر بەش جەھەتتىكى مۇھىم، زور تەدبىرىنى ئېلان قىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىغا كۈچلۈك ئىشەنچ بېغىشلىدى.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئىنسانلارنىڭ بىكىنمىچىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە قاراپ يۈزلىنىشى، ئايرىلىپ تۇرۇشتىن يۇغۇرۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەۋر ئېقىمى. بىز تېخىمۇ زور ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىيات پۇرسىتىگە قۇچاق ئېچىپ، تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىق ئارقىلىق ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىش ئېقىمىنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك».

تارىخىي چوڭ يۈزلىنىشتىن قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتتە يۆنىلىشنى يېتەكلەش.

يەر شارىۋىلىشىشقا قارشى يۈزلىنىش ۋە سودا قوغداقچىلىقى باش كۆتۈرۈۋاتقان ئەھۋالدا، جۇڭگو سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش بىلەن بىللە، بايرىقى روشەن ھالدا ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىش مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى ئازاۋېدو مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو خەلقئارا كۆپ تەرەپلىك سودا سىستېمىسىدا تېخىمۇ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەر شارىۋىلىشىشنىڭ تېخىمۇ سىغدۇرۇشچان، ئومۇم مەنپەئەتدار يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولماقتا.

ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا داۋاملىق كۈچلۈك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشۇش ——

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، ئىككىنچى نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى بېيجىڭدا ئېچىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتتە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تارىخىي پەيتىنى كۈتۈۋالدى.

39 نەپەر چەت ئەل تەرەپ رەھبىرى، 150 دۆلەت، 92 خەلقئارا تەشكىلات، 6000دىن ئارتۇق چەت ئەللىك مېھمان... يىغىنغا قاتناشقانلار توغرىسىدىكى بىر گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتلار «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ خەلقئارا تەسىر كۈچىنى، ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت چاقىرىق كۈچىنى، ھەمكارلىق جەلپ قىلىش كۈچىنى ئەكس ئەتتۈردى.

بۇ نۆۋەتلىك باشلىقلار مۇنبىرى ئالتە چوڭ تۈردىكى 283 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلىي نەتىجە تىزىملىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشتا «تۇم سىزما رەسىم»دىن «ئىنچىكە سىزما رەسىم»گە قەدەم تاشلاشتىكى مۇھىم ئابىدىگە ئايلاندى.

بۇ مەزگىلدە، رەئىس شى جىنپىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق يۇملاق ئۈستەل باشلىقلار يىغىنىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، كۆپلىگەن چەت ئەل رەھبەرنىڭ جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇشى ئۈچۈن دۆلەت ئىشلىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى ھەم نەچچە ئون مەيدان زىچ ئىككى تەرەپلىك ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى.

«جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان ‹بىر بەلباغ، بىر يول›نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ مەقسىتى تېخىمۇ كۆپ بايلىقلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆز - ئارا ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇش تۈگۈنىنى چېچىپ، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاپ بېرىپ، بازارنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە رايوننى ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان داغدام يولنى بىرلىكتە ئېچىشتىن ئىبارەت.» رەئىس شى جىنپىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»دىن ئىبارەت بۇ جۇڭگو لايىھەسىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ مەنتىقىنى مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىتالىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، پېرۇ... بارغانسېرى كۆپ دۆلەت «بىر بەلباغ، بىر يول» دوستلار چەمبىرىكىگە كىردى، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنىڭ يولى ماڭغانسېرى كېڭەيدى.

دۇنيا بانكىسى 6 - ئايدا ئېلان قىلغان تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە: «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغاندا 32 مىليون كىشىنى ئوتتۇراھال نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىكەن، يەر شارى سودىسىنى 6.2%، لىنىيە بويىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ سودىسىنى 9.7%، يەر شارى كىرىمىنى 2.9% ئاشۇرغىلى بولىدىكەن.

«بىر قىسىم دۆلەتلەر يەر شارىۋىلىشىش، كۆپ تەرەپچىللىكتىن گۇمانلىنىۋاتقان، ھەتتا بىر قىسىم سودا قوغداقچىلىق سىياسىتىنى قوللىنىشقا باشلىغان ئارقا كۆرۈنۈشتە، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش دەل بىزنى ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئەركىن سودىنى ئالغا سىلجىتىدىغان ياخشى سۇپا بىلەن تەمىنلىدى.» ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي جۇڭگوغا كېلىپ يىغىنغا قاتناشقان چىلى زۇڭتۇڭى پىنيېرانىڭ بەرگەن بۇ سەممىي باھاسى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرىدىغان نۇرغۇن دۆلەتتىكى خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

## ■ قەلبىگە دۇنيانى پۈكۈش

### «يەر شارى» ناملىق كېمىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە قاراپ يۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇندى

3 - ئايدىكى فرانسىيە پارىژ، باھاردا ھاۋا ئىللىپ، جاھان گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى، ئەمما بۇ ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتنى قارا بۇلۇت قاپلىغانىدى.

«ھەرقايسى دۆلەتلەر دۇنياغا مەسئۇل بولىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن، ئاكتىپ ھالدا ھەرىكەت قىلغۇچىلاردىن بولۇپ، قاراپ تۇرغۇچىلاردىن بولماي، ئورتاق تىرىشىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشى كېرەك.» 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو - فرانسىيە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش مۇنبىرىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا، رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ چاقىرىق ناھايىتى كۈچلۈك بولدى.

يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، خەلقئارا ھەمكارلىق ئۈچۈن تومۇر تۇتۇپ رېتسېپ يېزىش. دۆلەت باشلىقى دىپلوماتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن كۈچ قوشۇپ، مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك رولى، مەسئۇلىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇردى.

كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرىدىن بولۇش ——

«ئادىل، مۇۋاپىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدارە قىلىش قىزىل رەقەمنى ھەل قىلىش» «ئۆز - ئارا كېڭىشىش، ئۆز - ئارا ئەپۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشەنچ قىزىل رەقەمنى ھەل قىلىش» «جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تىنچلىق قىزىل رەقەمنى ھەل قىلىش» «ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات قىزىل رەقەمنى ھەل قىلىش»؛

«ئىسلاھ قىلىش - يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېشىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قېزىش» «دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» «قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتنى ھەل قىلىش» «ھەمراھلىق روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش»؛

......

جۇڭگو - فرانسىيە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش مۇنبىرىدىن 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ باشلىقلار يىغىنىغىچە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدىن ئاسىيا ھەمكارلىشىش ۋە ئۆز - ئارا ئىشىنىش تەدبىرلىرى باشلىقلار يىغىنىغىچە، 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدىن ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىغىچە، يەنە بىر قاتار «كىچىك كۆپ تەرەپلىك»، ئىككى تەرەپ پائالىيەتلىرىگىچە... دۆلەت سىرتىدا، دۆلەت ئىچىدە، مېھمان مەيدانىدا، ساھىبخانا مەيدانىدا، رەئىس شى جىنپىڭ تۈرلۈك خەلقئارالىق سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشقا قارىتا جۇڭگو لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداشتىكى مۇھىم ئورتاق تونۇشلىرىنى مۇجەسسەملەشكە تۈرتكە بولدى.

چاۋشيەن يېرىم ئارىلى مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا پائال تۈرتكە بولۇشتىن ئىران يادرو مەسىلىسىگە دائىر ئومۇميۈزلۈك كېلىشىمنى قوغداشقىچە، يەنە ئافغانىستان، سۇرىيە، پەلەستىن - ئىسرائىلىيە قاتارلىق مەسىلىلەرنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇشقىچە... جۇڭگو باشتىن - ئاخىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان، خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغداپ، باشتىن - ئاخىر خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا ئەخلاق مىزانى تەرەپتە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغدايدىغان «ھەرىكەت قىلغۇچىلار»دىن بولدى.

باش كاتىپ گۇتېررېس جۇڭگو خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداشتىكى تۈۋرۈككە ئايلاندى، دەپ قارىدى. 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۇ رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق بىلدۈردى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى جۇڭگو بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشتىكى تېگىشلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىللىككە ئەمەل قىلىشنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندۇرۇشنى خالايدۇ.

يىراق كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىنىشقا تۈرتكە بولغۇچىلاردىن بولۇش ——

4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، ئۈچ مەيدان ئاساسىي مەيدان پائالىيىتى كەينى - كەينىدىن ئۆتكۈزۈلدى، ئېتىبار بېرىش نۇقتىسى گەرچە تولۇق ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق ھەممىسىدە دىققەت ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تەقدىرى، ئورتاق كەلگۈسىگە مەركەزلەشتى:

«تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتتىكى بوغما ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يەر شارىۋى قىممەت زەنجىرى، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىگە تېخىمۇ ياخشى سىڭىشىشى ھەم ئۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىش»؛

«گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت خىرىسى ئالدىدا، ئىنسانلار بىرى گۈللەنسە ھەممىسى گۈللىنىدىغان، بىرى خارابلاشسا ھەممىسى خارابلىشىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى»؛

«ئورتاق خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىگە قەدەم تاشلاش ھەم ئىقتىسادىي يەن - تېخنىكا كۈچىگە موھتاج، ھەم مەدەنىيەت، مەدەنىيلىك كۈچىگە موھتاج»؛

......

2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدە، بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە، ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىدا رەئىس شى جىنپىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.

4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو كامبودژا ۋە لائوس بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ھەرىكەت پىلانىنى ئىمزالاپ، تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئارزۇ پىلاندىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش باسقۇچىغا بۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك، دۆلەت ئەھۋالى ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەر ئارىسىدا قويۇق ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرغان يەنە بىر جانلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچكە ئايلاندى.

خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى كۆزلەش.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسى يەلكەن چىقىرىپ يىراققا سەپەر قىلىپ، تېخىمۇ بىپايان پارلاق كەلگۈسىگە قاراپ ماڭماقتا!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەھلىلى، ھۆكۈمى ۋە ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىي تەلىپىنى توغرا ئىگىلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرو سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، ئىجتىمائىي سىياسەت تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشتەك ئومۇمىي پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئىقتىسادنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، ئاساسلىق زىددىيەتنى تۇتۇپ، دىققەتنى نۇقتىلىق نىشان - ۋەزىپىلەرگە دەل جايىدا كۈچەشكە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. «مۇقىملىق»نى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات داۋامىدا خەۋپ - خەتەرنى تۈگىتىپ، ماكرو سىياسەتنىڭ ئاساسىي يۈزلىنىشىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي ئايلىنىشنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش، تاشقى زەربىگە تاقابىل تۇرۇش، خەۋپ - خەتەر، يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھىت يارىتىش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يۆنىلىشىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، تېخىمۇ زور ئىرادە بىلەن نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى تېخىمۇ زور سالماق بىلەن قوغداپ، ئىلھام بېرىپ، تېخىمۇ دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ سىياسەت تۇسالغۇسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلار، ئىچكى - تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىغا ئوخشاش كۆزدە قاراپ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك. يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ كۈچلۈك ئىچكى بازار ئەۋزەللىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئېچىۋېتىش ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ياخشى تاشقى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش» سەككىز خەتلىك فاڭجېننى زىچ چۆرىدەپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپ ئاساسى ئىقتىدارى ۋە كەسىپ زەنجىرى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىندا نۇقتىلىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، قاراتمىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئېھتىياجنى كېڭەيتىپ، ئىسلاھات چارىسىنى كۆپ قوللىنىپ ئىستېمالنى كېڭەيتىش؛ ياسىمىچىلىق كەسپى سېلىنمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇپ، يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شەھەرلەر توپىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش؛ ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش؛ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى زورايتىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ پۇل مۇئامىلىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى ياسىمىچىلىق كەسپى، پۇقراۋى كارخانىلارغا قارىتىلغان ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى كۆپەيتىشكە يېتەكلەپ، خەۋپ - خەتەرنى بىر تەرەپ قىلىش رىتىمى ۋە سالمىقىنى ياخشى ئىگىلەش؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، دېھقان ئىشلەمچىلەر، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر قاتارلىق نۇقتىلىق توپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ بازار تەمىناتى ۋە مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۆلىتىمىز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈرئەتلىك ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا يۈزلەندى، تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئالماشتۇرۇش ھەممىشە ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. بىز ھەم ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى كۆرۈشىمىز، ھەم دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشىدە ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. بىز پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىپ، خەۋپ - خەتەرنى بىخەتەرلىككە ئايلاندۇرۇش، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى جان - دىل بىلەن تولۇق ئادا قىلىدىغانلا بولساق، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىيەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى)**